شنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 12 ـ ئاي
24
سەيشەنبە
维吾尔文 12 月24日

新疆日报网：www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24919 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كورېيە رۇگىتۇگى ۋېن زەيىن ۋە ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەن بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا كورېيە زۇڭتۇڭى ۋېن زەيىن بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ ۋېن زەيىننىڭ جۇڭگوغا 8 ـ قېتىملىق جۇڭگو ـ ياپونىيە ـ كورېيە رەھبەرلىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن كورېيە ھەر ئىككىلىسى ئاسىيا، ھەتتا دۇنيادىكى سالمىقى بار، تەسىرى بار مۇھىم دۆلەتلەر، ئىككى دۆلەت ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولغان بىر يىلدا

تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يادرولۇق رايوننىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى دەستىلەش

# شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلدى

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈڭفېي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، دىجەن چوڭ ساغلاملىق پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن بېيجىڭ دۇڭفاڭلۇ بىيو دورىگەرلىك پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى بېيجىڭدا «بېيجىڭ دۇڭفاڭلۇ بىيو دورىگەرلىك پەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مەبلەغنى كۆپەيتىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى، مەبلەغ كۆپەيتىلگەندىن كېيىن، دىجەن چوڭ ساغلاملىق پاي چەكلىك شىركىتى دۇڭفاڭلۇ شىركىتىنىڭ %23.22 پاي ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى چوڭ پايچېكىغا ئايلىنىدۇ.

مۇلۇكنى قايتىدىن تەشكىللەپ جانلاندۇرۇش كاپىتال بازىرىنى جانلاندۇرۇشتىكى مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان بەش شىركەت مۇلۇكنى قايتا تەشكىللەشنى تاماملىدى، نۆۋەتتە يەنە پېيى بازارغا سېلىنغان ئۈچ شىركەت مۇلۇكنى قايتا تەشكىللەشنى ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ كۆپ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوتتۇراھال يۇقىرى سەۋىيەدە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالغان.

«1994 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت خۇڭيۈەن ئاكسىيەسىنىڭ پېيى بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئىككىدىن كۆپەيدى، يېقىنقى تۆت يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئۈچتىن كۆپەيدى» دېدى شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لۈەن ۋېيخۇا. بۈگۈنكى كۈندە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



شىنجاڭ جۇڭخې ئېلېكترون ئاليۇمىن ياپراقچە شىركىتىنىڭ ئېلېكترون ئاليۇمىن ياپراقچە ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى(12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تارتىلغان). شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتى يىلىغا 35 مىڭ توننا ئېلېكترون ئاليۇمىن ياپراقچە ئىشلەپچىقىرىدۇ، رەقەملىك سۈرەت تارتىش، سىنغا ئېلىش ئۈسكۈنىلىرى، كۆچمە خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، كومپيۇتېر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلاردا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

□ مۇخبىرىمىز تاڭ يۈڭ فوتوسى

شىنجاڭ تارانتۇلىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

# ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يۇغۇرما تارانتۇلار سۈپىتى «ئانار بولۇت» تورغا چىقتى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن يۈڭ خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئانار بولۇت يۇغۇرما تاراتقۇ تېخنىكا سۈپىسى رەسمىي تورغا چىقتى، مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن تاراتقۇ خەۋەرلىرى سىستېمىدىكى بىر كۇنۇپكا ئارقىلىق تىيانشان تورى، تىيانشان تورى مىكرو بلوگى، ناھىيە، شەھەر يان تېلېفون تېرمىنالى قاتارلىق سۇپىلاردا تارقىتىلدى. «ئانار بولۇت»نىڭ تورغا چىقىشى شىنجاڭ تاراتقۇلىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئانار بولۇت سۇپىسى قۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكرىنى زورايتىش، كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ چىقارغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما. ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدە «پۈتۈن شىنجاڭدا بىر تور، پۈتۈن شىنجاڭدا بىر بولۇت»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم سۇپا ۋە ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، قار تېيىلغۇچىلار قار تېيىلىش يولىدا قار تېيىلماقتا. شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى 17 ـ نۆۋەتلىك ئىپەك يولى قار ـ مۇز مەنزىرە بايرىمى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىپەك يولى خەلقئارا ئىستراھەت رايونىدا باشلاندى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى سۇڭ يەنخۇا فوتوسى

شىنجاڭ ياخشى جاي
قار ـ مۇز خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇش

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ تىك يارلارنى غولىتىپ، ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتەلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ مىڭ چاقىرىملىق مۇساپىدە ئۆركەشلەپ ئېقىپ، سانسىز جىلغىلاردا قايتىما ئېقىن ھاسىل قىلىش جەريانىدا تەڭداشسىز زور كۈچ توپلىغانلىقىدا. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى توپلىغان قۇدرەتلىك ئېنېرگىيە تولۇق پارتلاپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش يولى مۇقەررەر ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ!» ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ھەم ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# «قەلبىتىكى تۆت پەسىل گۈزەل جۇڭگو» قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش بويىچە تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «قەلبىتىكى تۆت پەسىل گۈزەل جۇڭگو» قىشتا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش بويىچە تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر لو شۇگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر پائالىيەتكە قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

لو شۇگاڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنىڭ ئامىللىرى ياخشى، سانى كۆپ، تۈرى تولۇق، سۈپىتى يۇقىرى، بىرىكتۈرۈلۈشى ئەلا بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ساياھەت ئەندىزىسىدە مۇھىم ئورۇنغا ۋە ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە. ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىشنى كۈچەيتىش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رولغا ئىگە. مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت سىستېمىسىدىكىلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# قومۇل شەھىرى دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزەشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولدى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ما جىجۈەن

«تۈر تاماملانغاندىن كېيىن A تەرەپ قۇرۇلۇش پۇلىنى نېسى قالدۇرۇۋالغاچقا، B تەرەپنىڭ بىز دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تۆت ئايغا يېقىن نېسى قالدۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مەن ئەمگەك كاپالەت مەمۇرىي تەپتىش تارماق ئەترىتىگە كېلىپ ئەرز قىلدىم، ئويلىمىغان يەردىن ناھايىتى تېزلا بىزگە ھەل قىلىپ بەردى، بىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق!» 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ليۇ شېڭباۋ قاتارلىق سەككىز نەپەر گەنسۇلۇق دېھقان ئىشلەمچى قومۇل شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى **پاشا ئىشان**

يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇ خىل ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان، خالىغانچە بوھتان چاپلايدىغان،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ھەببەنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋىلەندى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، جېڭ جو

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتە، مۇخبىرلار لوپ ناھىيەسىنىڭ دول يېزىسى بۇغراقۇم كەنتىگە كەلگەندە، ھەببە خاتىرىسىنى ئېلىپ، كەنت كومىتېتىدىن چىقىپ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئائىلە زىيارىتى قىلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. «مەن ھازىر كەنت كومىتېتىدا ئىشلەۋاتىمەن، كەنت كادىرلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىپ، ھەر كۈنى بەشتىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئائىلە زىيارىتى قىلىمەن.» ھەببە مۇنداق دېدى: ھەر كۈنى يەنە تۈرلۈك ئۈچۈرلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزىمەن، بەزىدە يەنە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەيمەن، ئالدىراش بولسامۇ كۆڭلۈم ناھايىتى مەنىلىك.

«دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەيلى خىزمەت ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن ئۈمىدكە تولدۇم، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇم» دېدى ھەببە.

■ كۆلگۈنچەك قىزنىڭ كەيپىياتى ياخشى

بۇ يىل 28 ياشقا كىرگەن ھەببە مودا كىيىنگەن بولۇپ، چېچىغا پارقىراپ تۇرىدىغان كېپىنەك شەكىللىك چازا تاقىۋالغانىدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۈلۈپ كېتەتتى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)